شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 6 - ئاي
18
سەيشەنبە
维吾尔文 6月18日

新疆日报网: www.xjdaily.com
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24730 - سان بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمى تارقاتقۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ باياناتچىسى خۇ جاۋمىڭ 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بېيجىڭدا مۇنداق جاكارلىدى: چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ كومىتېت باشلىقى، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، (ئاخىرى 3 - بەتتە)

# «ئىشتىياقلىق، ھەمكارلىقنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتكە ئېرىشىش»

## —— دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 2019 - يىلى يازدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدىن خاتىرە

**□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى خو شياۋگۇاڭ، خاۋ ۋېيۋېي**

رۇسىيەگە قىلغان مول نەتىجىلىك زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ قىسقىغىنا تۆت كۈندىن كېيىن، رەئىس شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم سەپەرگە ئاتلاندى.

چۇ دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان بىشكەكتىن گىسسار جىلغىسىدىكى دۈشەنبەگىچە، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىدىن ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى باشلىقلار يىغىنىغىچە بولغان بەش كۈندۈز، تۆت كېچە، ئىككى قېتىملىق دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى، ئىككى مەيدان باشلىقلار يىغىنى، 40 مەيدانغا يېقىن ئىككى تەرەپلىك، كۆپ تەرەپلىك پائالىيەت.

مۇشۇ پەيتتە، تارىخنىڭ زامان - ماكان كوردىناتى بارغانسېرى ئېنىق پەرقلەندۈرۈلدى ——

خەلقئارا ۋەزىيەت داۋالغۇپ، 100 يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش دەۋر ئېقىمى تېخىمۇ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچنىڭ قوشۇلۇشىنى تەخىرسىز كۈتتى.

ئاچقۇچلۇق پەيتتە، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە يىرىك پىلان يېڭى ۋەزىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، قايتا يېڭى سەپەرنى باشلىدى.

### ■ دۆلەتلەرگە ئىشەنچ بېغىشلاش ئۈچۈن، قېرىنداشلار دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتنىڭ ئالدىدا، ئەتراپ باھار تۈسىگە چۆمگەن پەيتتە، رەئىس شى جىنپىڭ بېيجىڭدا جۇڭگوغا 2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى ۋە بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ، تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمان بىلەن سەممىمىي كۆرۈشتى.

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، مېۋە - چېچەكلەرنىڭ ھىدى ئەتراپقا تارالغان پەيتتە، رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى قەدىناس دوستى بىلەن يەنە كۆرۈشتى.

دوستلار ئىزدەشكەنسېرى يېقىنلىشىدۇ، قوشنىلار ئىزدەشكەنسېرى تۇغقاندەك بولۇپ كېتىدۇ.

گەرچە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، تۈرلۈك - تۈمەن، چوڭ - كىچىك ئىشلار بار بولسىمۇ، باشلىقلار يىغىنىنىڭ ساھىبخانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، زۇڭتۇڭ ژېنبېكوۋ يەنىلا ئۆزى ئايروپورتقا بېرىپ رەئىس شى جىنپىڭنى كۈتۈۋالدى. «مېنىڭ سىزنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىڭىزنى كۈتكىنىمگە ئۇزاق بولدى».

رەئىس شى جىنپىڭ تۇرىدىغان جايغا ئەمدىلا ئورۇنلىشىپ تۇرۇشىغا، ژېنبېكوۋ رەئىس شى جىنپىڭنى ئۆز سارىيىغا بېرىپ دوستانە سۆزلىشىشكە تەكلىپ قىلدى.

نان، قېزا، مېۋە مۇراباباسى، بوغۇرساق... كۈچلۈك ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزگىچىلىكىگە ئىگە چاي سۆھبىتى ئازادە، يېقىملىق بولدى.

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «قەدىناس دوستۇمنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۇ مېنىڭ ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتۈپ قىرغىزىستاندا يەنە بىر قېتىم زىيارەتتە بولۇشۇم».

2013 - يىلى 9 - ئايدا، رەئىس شى جىنپىڭ تۇنجى قېتىم قىرغىزىستاندا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى، جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستان ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنى جاكارلىدى. 2018 - يىلى 6 - ئايدا، زۇڭتۇڭ ژېنبېكوۋ جۇڭگودا مۇۋەپپەقىيەتلىك زىيارەتتە بولدى، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى جۇڭگو - قىرغىزىستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق ئاچتى.

تاغ - دەريالىرى تۇتىشىش، سەمىمىي بولۇش، ئۆزئارا ئىشىنىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش، بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇش.

رەئىس شى جىنپىڭ «ياخشى قوشنىلار، ياخشى دوستلار، ياخشى ھەمراھلار، ياخشى قېرىنداشلار» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق جۇڭگونىڭ قىرغىزىستان، تاجىكىستان ئىككى دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوبرازلىق ئورۇن بەلگىلەپ بەردى.

ئوخشاشلا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ زىيارەتكە كېلىشىنى كۈتكەنلەردىن يەنە تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمانمۇ بار.

2014 - يىلى 9 - ئايدا، رەئىس شى جىنپىڭ تۇنجى قېتىم تاجىكىستاندا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولغاندا، زۇڭتۇڭ راخمان ئون سائەتكە يېقىن ھەمراھ بولغانىدى. «ياخشى قېرىنداشلار قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك!» ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ قول تۇتۇشۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ئىلگىرىلىشى جۇڭگو - تاجىكىستان دوستلۇقىدىكى تىللاردا تەرىپلىنىدىغان داستانغا ئايلاندى.

پۈتۈن ھاۋا رايىلىق دوستلۇق يەنە تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى، خەۋپسىزلىك ئورتاق گەۋدىسى.

2013 - يىلى، جۇڭگو بىلەن تاجىكىستان ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى؛ 2017 - يىلى، جۇڭگو - تاجىكىستان ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ دەرىجىسى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋەتكە ئۆستۈرۈلدى... باشلىقلار دىپلوماتىيەسىنىڭ ئىزچىل يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو - تاجىكىستان دوستلۇقى مەزمۇت قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، رەئىس شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم تاجىكىستان زېمىنىغا قەدەم قويغاندا، زۇڭتۇڭ راخمان ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى باشلىقلار يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ئالدىراش ئىشلىرى ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، مەخسۇس ئايروپورتقا بېرىپ كۈتۈۋالدى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن رەئىس شى جىنپىڭ بەش يىل ئىلگىرى زىيارەتكە كەلگەن چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ، تاجىكىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن قەدىناس دوستىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سەھەردە، زۇڭتۇڭ راخمان ئايروپورتقا يەنە بىر قېتىم بېرىپ، رەئىس شى جىنپىڭنى ئۇزىتىپ قويدى. رەئىس شى جىنپىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: «ھەر قېتىم زىيارەتكە كەلگىنىمدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى يوقلىغاندەك ناھايىتى خۇشال بولىمەن».

—— زىيارەتتە بولۇش ئالدىدىكى ئىككى مەيدان پائالىيەت قارىماققا توغرا كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر مەيدانى «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 - تومىنىڭ قىرغىزچە نەشرىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ۋە جۇڭگو - قىرغىزىستان دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ، زۇڭتۇڭ ژېنبېكوۋ ئۆزى قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى:

«رەئىس شى جىنپىڭ زامانىمىزدىكى ۋە كەلگۈسىدىكى ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە سىياسىيونلارنىڭ بىرى»، «بۇ ئەسەرنى ئوقۇش ئارقىلىق، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئىدىيەسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسەت تەشەببۇسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگىلى، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات لوگىكىسى، تەرەققىيات ئەندىزىسى، تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ».

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى

# «مەركەزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نازارەت قىلىش خىزمىتى بەلگىلىمىسى»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يىقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «مەركەزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نازارەت قىلىش خىزمىتى بەلگىلىمىسى»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

«بەلگىلىمە» جەمئىي ئالتە باب، 42 ماددا.

بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مەركەزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نازارەت قىلىشى دائىملىق نازارەت قىلىش، مەخسۇس تۈر بويىچە نازارەت قىلىش ۋە «قايتا قاراپ چىقىش» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پرىنسىپ جەھەتتە ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە، ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ھەمدە ئالاقىدار مەركەز كارخانىلىرىغا قارىتا دائىملىق نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇرىدۇ ھەم ئېھتىياجغا ئاساسەن نازارەت قىلىش بويىچە تۈزىتىش ئەھۋالىغا قارىتا «قايتا قاراپ چىقىش»نى يولغا قويىدۇ؛ گەۋدىلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىلىرىگە قارىتا، ئەھۋالغا قاراپ مەخسۇس تۈر بويىچە نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى تەشكىللەيدۇ.

بەلگىلىمىدە يەنە تەشكىلىي ئاپپارات ۋە خادىم، نازارەت قىلىش ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنى، نازارەت قىلىش تەرتىپى ۋە ھوقۇق دائىرىسى، نازارەت قىلىش ئىنتىزامى ۋە مەسئۇلىيىتى قاتارلىق ئالاقىدار ئىشلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

بۇ بەلگىلىمىگە چۈشەنچە بېرىشكە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مىنىستىرلىقى مەسئۇل بولىدۇ، 2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيېيۈن خەۋەر قىلىدۇ. 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا شىنجاڭ كۆمۈرلۈكتە ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش تەتقىق قىلىندى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە پاش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش چارىسى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشخانا ئەخلەتلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى، 2019 - يىلى پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلىنى تەڭشەش لايىھەسى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كۆمۈرلۈكتە ئوت ئاپىتىنى باشقۇرۇش، ئوت ئاپىتىنىڭ كۆپىيىش مىقدارىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش ئاپتونوم رايوننىڭ كۆمۈر بايلىقىنى قوغداش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى كۈچلۈك تەدبىر. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش+3+3+1» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بايلىق تېجەش ۋە مۇھىت ئاسراش تۈپ دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاش، تۈرلەر بويىچە يولغا قويۇش، ئۇنىۋېرسال تۈزەش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن تىزگىنلەشنى تەڭ قوللىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، (ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 55 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 55 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ۋەكىللىرى بەرگەن تەۋسىيەلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى، ھەرقايسى سايلىغۇچى ئورۇنلار ۋەكىللىرى ئالاقىلىشىش خىزمىتى ئاپپاراتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ۋەكىللىرى بەرگەن تەۋسىيەلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىككى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى 12 تارماقنىڭ ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپلەرنى قانۇن بويىچە بېجىرىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈردى. (ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP




**6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە، ماناس ناھىيەسى چىڭسىخوزا قازاق يېزىسىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك يايلاق مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمى ۋە ئىسسىق ھاۋا شارى كاتتا پائالىيىتى مۇشۇ يېزىدىكى ۋۇداۋيا مەنزىرە رايونىدا ئۆتكۈزۈلدى. چېلىشىش، بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش، قىزقوغلاش قاتارلىق قازاق مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ماھارەت مۇسابىقىلىرى ئەتراپتىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە نۇرغۇن ساياھەتچىنى تاماشا قىلىشقا جەلپ قىلدى.**

**□خې لۇڭ فوتوسى**

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

شەرقىي جۇڭغار تەرەققىيات رايونى:

# يېشىل تەرەققىيات يۆگمە رەسىمنى سىزىش

**□مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ**

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «شەرقىي جۇڭغار تەرەققىيات رايونى» دېيىلدى) دۆلەتنىڭ «ئۈچ بازا، بىر يول» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن بەلگىلىشىنى زىچ چۆرىدەپ، مەۋقەنى بايلىق تىپىدىكى كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، يېشىل تەرەققىيات يۆگمە رەسىمنى جاسارەت بىلەن سىزىپ، ئايلانما ئىقتىسادنى مۇھىم نۇقتا قىلغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا ماڭدى.

بۈگۈنكى كۈندە، كەسىپلەر توپلاشقان، ئىختىساسلىقلار يىغىلغان، تېخنىكا جۇغلانغان شەرقىي جۇڭغار تەرەققىيات رايونى شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىكى 2000دىن ئارتۇق كارخانىنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى.

### سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ ئاساسنى كۈچەيتىش

### يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىيات يولىدا مېڭىش

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3لەردە، شىنجاڭ شىېشىن يېڭى ئېنېرگىيە ماتېرىياللىرى پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «شىېشىن شىركىتى» دېيىلدى)نىڭ پولى كرېستاللىق كرېمنىينى ئوكسىدسىزلاندۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىدىغان پاكىز، چاڭ - توزانسىز زاۋۇت ئۆيىدە، مۇخبىر پولى كرېستاللىق كرېمنىينى ئوكسىدسىزلاندۇرىدىغان قاتار - قاتار پېچلارنىڭ رەتلىك تىزىلغانلىقىنى كۆردى، كۆرۈش ئەينىكىدىن پولى كرېستاللىق كرېمنىي تاياقچىسىنىڭ «ئۆسۈش» جەريانىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى شىيې يەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، (ئاخىرى 4 - بەتتە)